# ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز، كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

## شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغدايمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭغا خالىغانچە قارا چاپلىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا يولسىزلىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. شىنجاڭنىڭ ئىشىدا، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بارلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقتۇر. پۈتۈن شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالەتەن ھوقۇق يۈرگۈزىدىغان ئورگان بولۇش سۈپىتىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۆۋەندىكىدەك كەسكىن بايانات ئېلان قىلدۇ:

بىز ئەزەلدىن زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرى ۋە ئەسەبىزمگە قەتئىي زەربە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتى ۋە بىخەتەرلىكىنىڭ دەخلى ـ تەرۆزغا ئۇچرىماسلىقىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدۇق. خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشنى خىزمەتنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش ئارقىلىق «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»غا ھۆرمەت قىلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇردۇق، بۇ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتى ۋە ئەسەبىزمگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق نىزاملارنى ماقۇللاپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، تېررورىزمنىڭ مىللىي مەسىلە ئەمەس، تېخىمۇ دىنىي مەسىلە ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى مۇئەييەن مىللەت، دىن بىلەن باغلىۋېلىشنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۆرمەت قىلىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەرگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى جازالاش بىلەن بىللە، كۆپ ساندىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيەلەش ۋە قولغا كەلتۈرۈش، قۇتقۇزۇۋېلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇق. تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە، ئەسەبىزم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا كۈشكۈرتۈلگەن، مەجبۇرلانغان، قايمۇقتۇرۇلغان ياكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە، ئەسەبىزم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئەھۋالى يېنىك بولۇپ، جىنايەت شەكىللەندۈرمىگەن كىشىلەرگە؛ تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە، ئەسەبىزم پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا كۈشكۈرتۈلگەن، مەجبۇرلانغان، قايمۇقتۇرۇلغان ياكى تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە، ئەسەبىزم پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان، رېئال خەتىرى بولغان، تېخى رېئال خەۋپ ئاقىۋەتتى پەيدا قىلمىغان، جىنايىتىنى تونۇپ، جىنايىتىگە پۇشايمان قىلغان، قانۇن بويىچە جىنايى جازا ھۆكۈم قىلىش زۆرۈر بولمىغان ياكى جىنايى جازاسى كەچۈرۈم قىلىنغان كىشىلەرگە قارىتا، كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئۇلارنى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيەسى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دۆلەت قانۇن بىلىملىرى، تىل ئالاقىسى ھەمدە ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشتىن ساقلاش ئارقىلىق، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. ھەر تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئىجرا قىلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، كۈچلۈك نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىشتا پائال رول ئوينىدى. ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتىغا بولغان سەممىمىي ئارزۇسى قاندۇرۇلدى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىلىپ، مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ يۈكسەك ئېتىراپ قىلىشى ۋە چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا ئۇيغۇن.

بىز قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن تۈرلۈك ھوقۇقلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە ھوقۇقنى يۈرگۈزۈپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنى، ۋەكىللەر قانۇنى، سايلام قانۇنىنىڭ شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. سايلام قانۇنىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنى تۈزۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ نوپۇسى بىرقەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا قانۇن بويىچە سايلاپ چىقىلغان بەش دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 61 مىڭ 589 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 42 مىڭ 997، ئومۇمىي سانىنىڭ 69.81%نى ئىگىلەيدۇ) بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ۋاكالىتەن ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزمەكتە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكى، بەش ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئوبلاست باشلىقلىقى، ئالتە ئاپتونوم ناھىيەنىڭ ھاكىملىقىنى بىردەك رايون ئاپتونومىيەسى يولغا قويۇلغان مىللەت پۇقراسى ئۈستىگە ئالدى. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. 2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت مەمۇرلار 91 مىڭ 76گە يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 40.24%نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئايال كادىرلار پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئايال كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 66%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى ھۆرمەتكە ئېرىشتى ۋە ۋارىسلىق قىلىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكنى باشقۇرۇش نىزامى، مۇقام سەنئىتىنى قوغداش نىزامى، تارىخىي مەدەنىيەتكە ئىگە داڭلىق شەھەر كوچا رايونى ۋە تارىخىي ئىمارەتلەرنى قوغداش نىزامى قاتارلىق يەرلىك نىزاملارنى تۈزدى، قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتى قاتارلىق 109 دىنىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى؛ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى، قىرغىز داستانى «ماناس» قاتارلىقلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەكىللىك ئەسەرلىرى تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلدى. مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ۋە مەدەنىيىتى شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە، مەمۇرىيەت، مائارىپ، ئاخبارات ـ نەشرىيات، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئالاقە تورى، جەمئىيەت ئاممىۋى ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ قوللىنىلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

شىنجاڭدا، ھەر مىللەت خەلق نوپۇسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى، دىنىي ئېتىقادىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىياسىي جەھەتتە بىردەك باراۋەر بولۇپ، قانۇن بويىچە ئوخشاش ھوقۇق ـ مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى دەۋا تەلىپىنى ئۈنۈملۈك ئىپادىلىيەلەيدۇ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولالايدۇ.

بىز مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى قانۇن بويىچە قەتئىي قوغداپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامىنى تۈزۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پەرققە ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا زوقلىنىشى، ئۆزئارا ياردەم بېرىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ھەر مىللەت ئاما بىللە ئولتۇراقلىشىدىغان، بىللە ئۆگىنىدىغان، بىللە ئىشلەيدىغان، بىللە كۆڭۈل ئاچىدىغان جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى ئورتاق قۇردى. ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى تۈزۈلۈپ، پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قانۇن بويىچە قوغدالدى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزامدىن جەمئىي 620نى تۈزدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۈنۈملۈك نىزام 161، چىقىرىلغان نىزام خاراكتېرلىك قارار، بېكىتمە 51 بولۇپ، ئۈنۈملۈك، ئەسقاتىدىغان نىزامنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداشقا پۇختا قانۇنچىللىق ئاساسى سېلىنىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مۇقىملىق، ئىسلاھات، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىندى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىنى ئورتاق قۇرۇش مۇساپىسىدە، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئىناق بولغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىناق ئۆتىدىغان دىنلار مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى، راۋاجلاندۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى. ھازىرقى شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولۇۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتىدۇ، دىنلار ئېجىل، رايىش ئۆتمەكتە، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئىتتىپاقلاشتى، بۇ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان مەزگىلگە تەۋە. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەرقانداق كۈچ گۈزەل شىنجاڭنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ!

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى

## شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قەتئىي قوغدايمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلغانلىق. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ!

قەتئىي تۈردە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىش، ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشى، يامرىشىنى توسۇش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى قوغداشنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پۈتۈن يەر شارىدا يامرىشىنىڭ تەسىرىدە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىنىي دەستەك قىلىپ، ئاممىنىڭ ساددا مىللىي، دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھەدەپ تارقىتىپ، «غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» قاتارلىق بىمەنە سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى يولغا قويۇشقا قايمۇقتۇردى، قۇترىتىتى. 1990 ـ يىلىدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جەمئىي نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى (ۋەقەسى) سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، جەمئىيەت تەرتىپى، خىزمەت تەرتىپى، ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش تەرتىپىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا چىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇن ـ تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، تېررورىزم، ئەسەبىزم جەھەتتە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى جىنايى قىلمىشى بارلارنى ئەڭ زور چەكتە قۇتقۇزۇپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى ئەڭ زور چەكتە يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنىڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالدى.

شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، تامامەن توغرا. شىنجاڭنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نىڭ 4 ـ ماددىسى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»نىڭ 17 ـ ماددىسى قاتارلىق بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قانۇن بويىچە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرگە قارىتا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى، قانۇن بىلىملىرىنى، كەسپىي ماھارەتنى ئۆگىنىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان تەلىم ـ تەربىيەنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسەت تېررورىزم، ئەسەبىزمنى مەنبەدىن يوقىتىش. جۇڭگو گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى ئېلان قىلغان «شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى» ناملىق ئاق تاشلىق كىتابتا تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتى، قانۇن ئاساسى، تەربىيەلەش مەزمۇنى، ئايلىنىش ئەندىزىسى ۋە ئاساسلىق نەتىجە ـ ئۈنۈمى سىستېمىلىق شەرھلەنگەن. تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر، ھەرگىزمۇ ئاتالمىش «مىللىي زۇلۇم» ئەمەس؛ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلدى، ھەرگىزمۇ ئاتالمىش «قانۇنسىز قاماپ قويۇش» ئەمەس؛ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەكتىپى، ھەرگىزمۇ ئاتالمىش «جازا لاگېرى» ئەمەس؛ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى، ھەرگىزمۇ ئاتالمىش «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۆز قىلىش» ئەمەس. 2018 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، 90 نەچچە دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئەمەلدارلار، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ئاساسلىق دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى ھەمدە بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي پارتىيەلىرى، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلىرى قاتارلىق 70 نەچچە تۈركۈم (ئۆمەك، گۇرۇپپا)، 1000دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭدىكى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ نەق مەيداندا زىيارەت قىلدى. بىلىملىك زاتلار بەس ـ بەستە: شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۆگىنىش، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق تەجرىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگە ياراتتى.

شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، مۇقىملىق پايدىسى ئۈزلۈكسىز قويۇپ بېرىلدى. قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى (ۋەقەسى) يۈز بەرمىدى، ئەسەبىزمنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئىشقا ئاشتى، 2018 ـ يىلى ئىشقا ئاشۇرۇلغان رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (GDP) 1 تىرىليون 219 مىليارد 908 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى؛ ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمى 153 مىليارد 146 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 4.5% ئاشتى؛ شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 21 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.6% ئاشتى. بولۇپمۇ ساياھەتچىلىكتە شىددەتلىك ئېشىش كۆرۈلدى، 2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىن كەلگەن جەمئىي 200 مىليون ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42.62% ئاشتى؛ ئىشقا ئاشۇرۇلغان ساياھەت كىرىمى 341 مىليارد 732 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 43.39% ئاشتى. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، جەمئىيەت كاپالىتى قاتارلىق تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش خىزمەتلىرىدە يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىناق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ئاسان قولغا كەلمىگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئۇنى ھەسسىلەپ ئاسرايدۇ، ھەسسىلەپ قەدىرلەيدۇ، تاشقى كۈچلەرنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئارىلىشىۋېلىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ. ھەرقانداق تۆھمەتنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ؛ ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋانىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك پاكىتنى يوققا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ؛ ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تەرەققىي قىلىش، گۈللىنىش مۇساپىسىگە كاشىلا قىلالمايدۇ. بىز ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە سوغۇق ئۇرۇش تەپەككۇرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئوبيېكتىپ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشقا، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزمەسلىككە، زومىگەرلىك يولىدا بارغانسېرى يىراقلاپ كەتمەسلىككە نەسىھەت قىلىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش

## پاكىتقا كۆز يۇمۇش، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش ــ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى ھەم زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەرگە ئېغىر خاتا سىگنال بەردى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل بولۇپ، تۈپ مەقسىتى شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشىگە، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخىي مۇساپىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش. بۇنىڭغا قارىتا، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىغا قاتناشقان ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋە ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى ساھە ئەزالىرى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ!

تېررورىزم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق زەربە بېرىدىغان ئوبيېكت. جۇڭگو شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن 2016 ـ يىلغىچە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەر شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىنى پىلانلاپ ھەم تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى،

(ئاخىرى 5 ـ بەتتە)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)